## دوكلاتنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى

1. ئۇشبۇ دوكلاتنىڭ خۇلاسىسى شۇكى، خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى، 1948- يىلى ئىمزالانغان «ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى جازالاش ئەھدىنامىسى» (ئىرقىي قىرغىنچىلىققا قارشى تۇرۇش ئەھدىنامىسى) غا خىلاپ ھالدا ئۇيغۇرلارغا قارىتا ئېلىپ بارغان ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ جاۋابكارلىقىنى ئۈز ئۈستىگە ئېلىشى لازىم. بۇ خۇلاسە مەۋجۇت دەلىل ئىسپاتلارنى ئىنچكىلىك بىلەن كۆرۈپ چىقىش ۋە ئىسپات پاكىتلارنى خەلقئارالىق قانۇنغا تەتبىقلاش ئاساسىدا چىقىرىلدى.

2. بۇ تەكشۈرۈش خەلقئارالىق قانۇن، ئىرقىي قىرغىنچىلىق، خىتاينىڭ ئېتنىك سىياسىتى ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى (XUAR) تەتقىقاتى قاتارلىق ساھەلەردە ئېتىراپ قىلىنغان مۇستەقىل تەتقىقاتچى مۇتەخەسسىسلەر تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلدى.

3. **يوقىتىش نىيىتى:** «ئىرقىي قىرغىنچىلىققا قارشى تۇرۇش ئەھدىنامىسى» نىڭ 2-ماددىسىدىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتى ‹ئاجىز ۋە قوغدىلىشقا تېگىشلىك توپلۇمغا تەۋە بولغان كىشىلەرنى پۈتۈنلەي ياكى قىسمەن ھالدا قەستەن يوقىتىش نىيىتى› نى كۆرسىتىدۇ. «يوقىتىش نىيىتى» دېيىش ئۈچۈن ئېنىق بىر يول يورۇقنىڭ بولۇشى ناھاجەت. ‹يوقىتىش نىيىتى› شۇ دۆلەتكە تەۋە بولغان ئوبيېكتىپ پاكىتلارنى توپلاش ئارقىلىق يەكۈنلىنىدۇ. بۇ پاكىتلار لوگىكىلىق تەرتىپ بويىچە ھۆكۈمەتنىڭ رەسمىي  باياناتلىرى، ئومۇمىي پىلانى، دۆلەتنىڭ سىياسەت قانۇنلىرى، سىياسەتنى يۈرگۈزۈش شەكلى ۋە تەكرارلانغان بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىنى ئۈز ئىچىگە ئالىدۇ ۋە بۇ ئامىللار ئۇ توپلۇمدىكى كىشىلەرنىڭ قىسمەن ياكى پۈتۈنلەي يوقىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

4. **يۇقىرى قاتلامنىڭ مەقسەتلىك بۇيرۇقى ۋە ئومۇمىي پىلانى:** 2014-يىلى، خىتاينىڭ دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئۇيغۇرلار نوپۇسىنىڭ 90% ئورۇنلاشقان رايونلىرىنى مەركەز قىلغان ھالدا «خەلقنىڭ تېرورلۇققا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى» نى قانات يايدۇردى. يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلار بۇيرۇققا بىنائەن  «يىغىۋېلىشقا تېگىشلىك ھەر بىر كىشىنى يىغىۋېلىش» ، «ئۇلارنى پۈتۈنلەي يوقىتىش ... يىلتىزى ۋە شاخلىرىنى يوقىتىش» ۋە « نەسەبىنى بۇزۇش، ئۇلىنى بۇزۇش، ئالاقىسىنى بۇزۇش ۋە ئەسلى ئېتنىك كېلىپ چىقىشىنى بۇزۇش» قاتارلىق ھەرىكەتلەرنى ئىجرا قىلدى . ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى ئىنسان قېلىپىدىن چىققان شەكىلدە ئۇيغۇرلارنى تەسۋىرلەپ، ئۇيغۇرلارنىڭ كەڭ كۆلەمدە تۇتۇپ تۇرۇلۇشىنى، «ئۆسمىنى كېسىپ ئېلىۋېتىش»  قا ئوخشاتتى.

5. **دۆلەتنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك سىياسىتى، سىياسەت يۈرگۈزۈش شەكلى ۋە تەكرارلانغان بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرى**

a. **ئۇيغۇر ئائىلىلىرىگە ئورۇنلىشىش بۇيرۇقى:** 2014- يىلدىن باشلاپ، خىتاي ھۆكۈمىتى خىتاي كادىرلارنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆيىدە تۇرۇشقا ۋە ئۇيغۇرلارنى نازارەت قىلىشقا ئورۇنلاشتۇردى، بۇ سەۋەپتىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئائىلە مۇناسىۋىتى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. ناھىيە دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر بىر تەرەپتىن ئۇيغۇرلارنى خىتايلار بىلەن توي قىلىشقا زورلىسا، يەنە بىر تەرەپتىن توي قىلغانلارنى مۇكاپاتلاش سىياسىتى قوللىنىپ، خىتايلار بىلەن توي قىلىشنى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئاكتىپ تەشەببۇس قىلدى.

b. **كەڭ كۆلەملىك تۇتقۇن قىلىش:** 2017- يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ قانۇن ئورگانلىرى «ئاشقۇنلۇقنى يوقىتىش» باھانىسى بىلەن ئۇيغۇرلارنى كەڭ كۆلەمدە تۇتقۇن قىلىشنى رەسمىي قانۇنلاشتۇردى. بىخەتەرلىككە مەسئۇل يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلار ۋە ئورۇنلار ئۇيغۇرلارنى نازارەت قىلىش، لاگېر قۇرۇلۇشىنى تېزلەشتۈرۈش ۋە كەڭ كۆلەملىك جازا لاگېرلىرىنى تېخىمۇ كېڭەيتىش توغرىسىدا مەخسۇس قوللانما كۆرسەتمىلەر ۋە بىر يۈرۈش ھۆججەتلەرنى تۈۋەنگە چۈشۈردى. بۇ  ھۆججەتلەر جازا لاگېرلىرىدىكى «باشقۇرۇش ۋە جازانى كۈچەيتىش» ۋە بارلىق ئۈچۈرلارنىڭ «قەتئىي مەخپىيەتلىكى» نى ساقلاش ئۈچۈن « ئۇچۇرلارنى تارقاتماسلىق»، «ئامما بىلدۈرمەسلىك» قاتارلىق كۆرسەتمىلەرنى ئۈز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇشبۇ قوللانمىدا بۇيرۇقنى ئىجرا قىلىدىغان ھۆكۈمەت خادىملىرى، مەسئۇل ئورۇنلار ۋە مەركەزلەشتۈرۈلگەن رەقەملىك نازارەت سىستېمىسى قاتارلىق مۇرەككەپ قاتلاملار كۆرسىتىلگەن.

c. **كەڭ كۆلەملىك تۇغۇتنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئىستراتېگىيىسى:** خىتاي قوش سېستىمىلىق ئىستراتېگىيە قوللۇنۇپ تۇغۇت يېشىدىكى ئۇيغۇر ئاياللىرىغا قارىتا مەجبۇرىي تۇغماسلىق ئوپېراتسىيەسى  قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، بالا يۈزى كۆرەلەيدىغان ئۇيغۇر ئەرلىرىنى تۇتقۇن قىلىپ، نوپۇسىنىڭ كۆپىيىشىنى تىزگىنلەپ، بىئولوگىيىلىك يوقىتىش نىيىتى بارلىقىنى كۆرسەتتى. ««پىلانلىق تۇغۇت ۋە تۇغماسلىقنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش»، «كۆپىيىش سەۋىيەسىنى تۆۋەنلىتىش» ۋە «بىرمۇ يوچۇق قويماسلىق» قاتارلىق ھۆكۈمەتنىڭ ستاتىستىكا ۋە بۇيرۇق كۆرسەتمىلىرىگە ئاساسلانغاندا، خىتاي ھۆكۈمىتى رەسمىي ھالدا تۇغۇتنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرىنى يولغا قويماقتا ۋە ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا، تۇغۇت يېشىدىكى ئاياللارنى نىشان قىلىپ، ئۇلارغا قارىتا كەڭ كۆلەمدە مەجبۇرىي ھالدا تۇغماسلىق ئوپېراتسىيەسى قىلىش، بالا چۈشۈرۈش ۋە ئۈزۈك سېلىشنى ئېلىپ بارماقتا. خىتاي بۇ تەشۋىقاتلارنىڭ مەقسىتىنىڭ ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ئەمدى ھەرگىزمۇ « بالا تۇغۇش ماشىنىسى» ئەمەسلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش ئىكەنلىكىنى ئوچۇق ئېتىراپ قىلدى.

d. **ئۇيغۇر بالىلىرىنى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئورۇنلارغا مەجبۇرىي يۆتكەش:** 2017-يىلدىكى ھۆكۈمەتنىڭ يېڭى سىياسىتىگە ئاساسەن، خىتاي ھۆكۈمىتى دۆلەت ئىگىدارچىلىقىدا كۈچلۈك نازارەت قىلىنىدىغان پۈتۈن كۈنلۈك ئۇيغۇر بالىلىرى (بوۋاقلارمۇ ئۈز ئىچىدە) تۇرىدىغان ياتاقلىق مەكتەپ ۋە دارىلېتامدىن تەركىب تاپقان غايەت زور تېپتىكى  مەركەزلەرنى  قۇرۇپ چىقتى. يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلار شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى ناھىيەلەرگە ئاتا-ئانىسى تۇتۇپ كېتىلگەن ۋە ياكى مەجبۇرىي ئەمگەككە ئېلىپ كېتىلگەن «يېتىم» لارنى يىغىۋېلىش ئۈچۈن سان چۈشۈردى.

e. **ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز كىملىكى، مەھەللە ۋە ئائىلە ھاياتىنى يوق قىلىش:** يەرلىك دائىرىلەر ھۆكۈمەتنىڭ تەشۋىقاتلىرىغا ئاۋاز قوشۇپ، ئۇيغۇر مائارىپىنى ئەمەلدىن قالدۇرغان ۋە ئۇيغۇر بىناكارلىقىنى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆي جايلىرىنىڭ يارقىن ئالاھىدىلىكلىرىنى بۇزۇپ ۋەيران قىلىۋەتكەن ۋە ئۆزگەرتىۋەتكەن. رايوندىكى كۆپ قىسىم مەسچىتلەرنى ۋە مۇقەددەس جايلارنى بۇزۇپ پۈتۈنلەي يەر بىلەن يەكسان قىلغان ۋە باشقىلىرىنى تاقىۋەتكەن ياكى سودا ۋە كۆڭۈل ئېچىش ئورۇنلىرىغا ئايلاندۇرغان.

f. **زىيالىيلار ۋە جامائەت ئەرباپلىرىنى نۇختىلىق زەربە بېرىش نىشانى قىلىش:** ھۆكۈمەتنىڭ ئۇيغۇرلارنى يوقىتىش غەرىزى، خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ كومپارتىيەگە ئەزالىقى ياكى مائارىپ سەۋىيەسىنىڭ قانداق بولۇشىغا پىسەنت قىلماستىن، مەقسەتلىك ھالدا ئۇيغۇر كىملىكىنى قوغدىغۇچىلار ۋە ئۇيغۇر كىملىكىنى يېڭى ئەۋلاتلارغا يەتكۈزگۈچى ئائىلە باشلىقلىرى ، زىيالىيلار ۋە مەدەنىيەت باشلامچىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كىشىلەرنى نىشانلاپ، ئۇلارنى ئۇزۇن مۇددەت قاماش ياكى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىش قىلمىشلىرى ئارقىلىق تېخىمۇ ئېنىق ئوتتۇرىغا چىقتى.

خىتاينىڭ مەقسەتلىك ھالدا ئۇيغۇر باشلامچىلىرىنى ۋە مۇقەددەس جايلارنى نىشانغا ئېلىشى، خىتاينىڭ ئۇيغۇر كىملىكى ۋە جامائەت ئالاقىسىنىڭ مۇھىم ئامىللىرىنى تۈپتىن يوقىتىش نىيىتىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

6. خىتاينىڭ رايوندىكى ئۇيغۇرلارغا قاراتقان سىياستى ۋە سىياسەتنىڭ يۈرگۈزۈلىشىگە ئومۇمىي جەھەتتىن قاراش كېرەك. بۇ سىياسەتلەرنىڭ ئۇيغۇرلارنى قىسمەن ياكى پۈتۈنلەي يوقىتىشنى مەقسەت قىلغانلىقى ئوچۇق ئاشكارە كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

7. **ئىرقىي قىرغىنچىلىق قىلمىشلىرى:** «ئىرقىي قىرغىنچىلىققا قارشى تۇرۇش ئەھدىنامىسى» دا كۆرسىتىلگەن قىلمىشلارنىڭ ھەر قانداق بىرى ئىرقىي قىرغىنچىلىق ھۆكۈمىنى ئېنىراپ قىلىدۇ، بۇ دوكلاتتا كۆرسىتىلگەن دەلىل-پاكىتلار، ئۇيغۇرلارغا قارىتا ئېلىپ بېرىلغان ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ، «ئىرقىي قىرغىنچىلىققا قارشى تۇرۇش ئەھدىنامىسى» نىڭ 2-ماددىسىنىڭ (a) دىن (e) گىچە بولغان ھەر بىر تارماق ماددىسىغا خىلاپ ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

8. «(a) **توپلۇمغا تەۋە ئەزالارنى ئۆلتۈرۈش»:** تونۇلغان ئۇيغۇر باشلامچىلارنىڭ كەڭ كۆلەمدە ئۆلۈشى ۋە ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەنلىكى توغرىسىدا ۋە ھەتتا ياشانغان كىشىلەرگە ئۇزۇن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلگەنلىكى، دوكلات ۋە خەۋەرلەردە مەۋجۇت.

9. «(b) **توپلۇم ئەزالىرىنى جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىن ئېغىر زەخمىلەندۈرۈش»:** ئۇيغۇرلار جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىن سىستېمىلىق قىيىن- قىستاققا ۋە ئىنسان قېلىپىدىن چىققان مۇئامىلىگە ئۇچرىماقتا. بۇ خىل قىيناشلار، لاگېر خادىملىرى ۋە شۇنداقلا ھۆكۈمەتنىڭ بۇيرۇقى بويىچە ئۇيغۇر ئۆيلىرىگە تەقسىم قىلىنغان خىتاي كادىرلىرىنىڭ ئۇيغۇرلارغا باسقۇنچىلىق قىلىش، جىنسىي پاراكەندىچىلىك سېلىش، خارلاش ۋە ئوچۇق ئاشكارە ھاقارەتلەش قاتارلىق ۋاستىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. جازا لاگېرلىرىدا مەخسۇس سوراق قىلىش ئۆيلىرى بار بولۇپ، ئۇ يەردە ئۇيغۇر مەھبۇسلىرىغا ئىزچىل تۈردە قەبىھلەرچە تۆمۈر مېتال بىلەن ئۇرۇش، ئېلېكتىر ۋە قامچا بىلەن قىيناش قاتارلىق ئۇسۇللار ئىشلىتىلگەن. كەڭ كۆلەملىك تۇتقۇن قىلىش ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئېلىپ بارغان مۇناسىۋەتلىك پائالىيەتلىرى، ئۇيغۇرلارنىڭ مېڭىسىنى ئۆزگەرتىش ۋە مېڭىسىنى «پاكىز يۇيۇش» ئۈچۈن لايىھىلەنگەن. لاگېرغا تۇتۇپ كېتىلىش تەھدىتى ۋە جازا لاگېرى ئىچىدىكى تەقلىدىي سوت جازاسى، ئاشكارە «ئۆز-ئۆزىنى تەنقىتلەش» ۋە يالغۇز قاماپ قويۇلۇش قاتارلىق چېكىدىن ئاشقان جىسمانىي ۋە پسىخولوگىيىلىك قىيناش ئۇسۇللىرى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشقا ئۇرۇنىشىنى ۋە ئۆلۈۋېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان.

10. «(c) **توپلۇمنىڭ تۇرمۇش مۇھىتىغا قەستەن زەربە بېرىش ئارقىلىق جىسمانىي جەھەتتىن قىسمەن ياكى پۈتۈنلەي بۇزغۇنچىلىق ئېلىپ بېرىش»:** دائىرىلەر، سېستىمىلىق ھالدا بالا يۈزى كۆرۈش يېشىدىكى ئۇيغۇرلارنى، ئائىلە باشلىقلىرىنى ۋە جامائەت ئەرباپلىرىنى ناچار شارائىتتا قاماپ ۋە نىشانلاپ، ئۇيغۇر ئاياللىرىغا قارىتا تۇغۇتنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرىنى يولغا قويىدى، ئۇيغۇر بالىلىرىنى ئاتا-ئانىسىدىن ئايرىۋەتتى ۋە ئۇيغۇرلارنى زور كۆلەمدە تۇتقۇن قىلىش بىلەن پاراللېل ھالدا ئۇيغۇرلارنى كەڭ كۆلەمدە مەجبۇرىي ئەمگەككە يۆتكىدى. يىغىپ ئېيتقاندا، خىتاي ئۇيغۇرلارنىڭ توپلۇم سۈپىتىدىكى مەۋجۇتلۇقىنى يوقىتىش ئۈچۈن قەستەن زەربە بەرمەكتە.

11. **(d) توپلۇم ئىچىدە تۇغۇتنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى مەقسەت قىلغان تەدبىرلەرنى زورلاپ تېڭىش»:** ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا سېستىمىلىق ھالدا تۇغۇتنىڭ ئالدىنى ئېلىش ھەرىكەتلىرى كەڭ كۆلەملىك كۈچەيتىلدى ۋە يۈرگۈزۈلدى. لاگېرلاردا، بىر تەرەپتىن ئۇيغۇر ئاياللىرىغا مەجبۇرىي ھالدا ئۇزۇك سېلىش، بالا چۈشۈرۈش ۋە ھەيىزنى توختىتىدىغان ئوكۇل ۋە دورىلارنى ئىشلىتىش ۋاستىلىرى قوللىنىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن بالا يۈزى كۆرەلەيدىغان ئۇيغۇر ئەرلىرى نىشانغا ئېلىنىپ ۋە تۇتقۇن قىلىنىپ، ئۇيغۇر نوپۇسىنىڭ كۆپىيىشى تىزگىنلەندى. بۇ چەمبەرچاس باغلانغان سىياسەتلەر تۈپەيلى، ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا نوپۇسنىڭ ئېشىش سۈرئىتى نۆلگە يېقىنلاشماقتا.

12. «(e) **مەلۇم توپلۇمغا تەۋە بالىلارنى مەجبۇرىي ھالدا باشقا توپلۇمنىڭ ئەزاسىغا ئايلاندۇرۇش»:** تۇتقۇن قىلىش ۋە مەجبۇرىي ئەمگەك پروگراممىلىرى سەۋەبىدىن، ئۇيغۇر بالىلىرى ئاتا-ئانىسىدىن ئايرىۋېتىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دارلېتامغا ئەۋەتىلىپ ،خىتاي تىلى مۇھىتىدا خىتايلاشتۇرۇلۇپ چوڭ قىلىنماقتا.

13. **خىتاينىڭ «ئىرقىي قىرغىنچىلىققا قارشى تۇرۇش ئەھدىنامىسى» دىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنىڭ مەسئۇلىيىتى:** خىتاي شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونۇم رايوننى ئۆز ئىچىگە ئالغان زېمىننى ۋە نوپۇسنى تولۇق نازارەت قىلىدىغان، كۈچ يۇقىرى دەرىجىدە مەركەزلەشكەن دۆلەت، شۇنداقلا «ئىرقىي قىرغىنچىلىققا قارشى تۇرۇش ئەھدىنامىسى» غا ئىمزا قويغان دۆلەت. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى سادىر قىلغان كىشىلەر ۋە ئورۇنلارنىڭ ھەممىسى دۆلەت ئەمەلدارلىرى ياكى ھۆكۈمەت ئورگانلىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ دۆلەتنىڭ ئۈنۈملۈك كونتروللىقى ئاستىدا ئېلىپ بېرىۋاتقانلىرى «ئىرقىي

قىرغىنچىلىققا قارشى تۇرۇش ئەھدىنامىسى» نىڭ 2-ماددىسىدا شەرھلەنگەندەك، خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنى يوق قىلىش غەرىزىنى ئېنىق يورۇتۇپ بېرىدۇ. شۇڭلاشقا ئۇشبۇ دوكلات خىتاينىڭ قىلمىشلىرىنى «ئىرقىي قىرغىنچىلىققا قارشى تۇرۇش ئەھدىنامىسى» غا خىلاپ ۋە خىتاينى ئۇيغۇرلارغا ئېلىپ بېرىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنىڭ جاۋاپكارى دەپ خۇلاسە چىقاردى.